# سپېرما، مەزى ۋە نەملىك ئارىسىدىكى پەرقلەر توغرىسىدا

## الفرق بين المني والمذي والرطوبة

< uyghur - ئۇيغۇرچە - الأويغورية >

ئىسلام سوئال جاۋاپ تورى ئىلمى خىزمەت گۇرۇپپىسى

القسم العلمي بموقع الإسلام سؤال وجواب

**تەرجىمە قىلغۇچى:** سەيپىددىن ئەبۇ ئابدۇلئەزىز

**تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچى:** نىزامىددىن تەمكىنى

**ترجمة:** سيف الدين أبو عبد العزيز

**مراجعة:** نظام الدين تمكيني

99507-نومۇرلۇق سوئال:

سوئال:

ئاياللاردىن قانداق ۋاقىتتا يۈيۈنۈش زۆرۈر بولىدىغان سېپىرما چىقىدۇ ۋە قانداق ۋاقىتتا تەرەت ئېلىش كېرەك بولىدىغان ئاجرالمىلار چىقىدۇ بۇنى بىلمەيمەن، كۆپ قېتىم بۇنى بىلىشكە ئۇرۇنغان بولساممۇ، بۇ مەسىلىگە ئېنىقكە جاۋاپ بېرىدىغان بىرەر كىشىنى تاپالمىدىم، شۇنىڭ بىلەن بارلىق ئاجرالمىلارنى يۈيۈنۈش كېرەك بولمايدىغان، تەرەت ئېلىشلا كېرەك بولىدىغان ئادەتتىكى نەملىك دەپ قاراپ، جىنسى مۇناسىۋەتتىن كېيىنلا يۈيۈنىدىغان، باشقا ۋاقىتتا يۈيۈنمايدىغان بولدۇم، ماڭا ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى پەرقلەرنى ئوچۇقلاشتۇرۇپ بېرىشىڭلارنى سورايمەن؟.

جاۋاپ:

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھقا خاستۇر. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە ساھابىلىرىغا ئاللاھ تائالانىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

ئاياللاردىن چىقىدىغان سۇيۇقلۇقلار؛ سېپىرما ياكى مەزى ۋەياكى ئادەتتىكى ئاجرالما (نەملىك) چىقىدۇ. بۇ ئۈچ تۈرلۈك نەرسىنىڭ ئايرىم سۈپەتلىرى ۋە ئايرىم ھۆكۈملىرى بولىدۇ.

سېپىرمىنىڭ سۈپەتلىرى:

1-سۇيۇق سېرىققا مايىل رەڭلىك بولىدۇ. بۇ پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسىدە بېكىتىلگەن سېپىرمىنىڭ سۈپىتىدۇر. پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئەر كىشىنىڭ سېپىرمىسى قويۇق ئاپپاق بولىدۇ، ئايالنىڭ سېپىرمىسى سۇيۇق سېرىق رەڭدە بولىدۇ.» [مۇسلىم رىۋايىتى 311-نومۇرلۇق ھەدىس].

بەزى ئاياللاردىن سېپىرما ئاق رەڭدە كېلىدۇ.

2-سېپىرمىنىڭ پۇرىقى بۇغداي خېمىرىنىڭ پۇرىقىغا ئوخشاپ كېتىدۇ.

3-سېپىرما چىققاندا بىر خىل لەززەت ھاسىل بولىدۇ. سېپىرما چىقىپ بولغاندىن كېيىن شەھۋەت ئاجىزلىشىدۇ.

سپېرما بولۇش ئۈچۈن يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئۈچ تۈرلۈك سۈپەتنىڭ ھەممىسىنىڭ تولۇق بولىشى شەرت قىلىنمايدۇ بەلكى ئۇ سۈپەتلەردىن بىرى تېپىلسا ئۇ سپېرما دەپ ھۆكۈم قىلىنىدۇ. نەۋەۋي رەھىمەھۇللاھ "ئەلمەجمۇئ" ناملىق ئەسەر 2-توم 141-بەتتە مۇشۇنداق دېگەن.

مەزي بولسا سۈيۈق شىلىمشىق ئاق سۇ بولۇپ، پىكىر قىلىش ياكى باشقا يوللار بىلەن شەھۋەت پەيدا بولغاندا چىقىدۇ، مەزي چىققاندا لەززەت ھاسىل بولمايدۇ، مەزي چىقىپ بولغاندىن كېيىن شەھۋەت ئاجىزلاشمايدۇ.

نەملىك بولسا، ئايالنىڭ بالىياتقۇسىدىن چېقىدىغان ئاجرالما بولۇپ، بەزى ۋاقىتتا بۇنىڭ چىققانلىقىنى ئايال تۇيمايدۇ، بۇنىڭ ئاز-كۆپ چىقىشىدا ئاياللار بىر-بىرىگە ئوخشىمايدۇ.

سپېرما، مەزي ۋە نەملىك قاتارلىق ئۈچ تۈرلۈك نەرسىنىڭ ئارىسىدىكى ھۆكۈمدىكى پەرقى تۆۋەندىكىدىن ئىبارەت:

سپېرما پاكىزە بولۇپ، ئۇنى كىيىمدىن يۇيۇۋېتىش كېرەك ئەمەس، سپېرما چىققاندىن كېيىن يۇيۇنۇش كېرەك بولىدۇ. سپېرما ئۇخلىغان ھالەتتە چىقسۇن ياكى ئويغاق ھالەتتە چىقسۇن، جىنسى مۇناسىۋەت ياكى ئېھتىلام بولۇش سەۋەبى بىلەن چىقسۇن ياكى باشقا سەۋەبلەر بىلەن چىقسۇن ھۆكمى ئوخشاش. (يەنى غۇسلى قىلىش ۋاجىب بولىدۇ).

مەزي نىجىس (پاسكىنا) بولۇپ، بەدەنگە يۇقۇپ قالسا شۇ يەرنى يۇيىمىز، كىيىمگە يۇقۇپ قالسا سۇ چېچىپ پاكىزلايمىز، مەزي چىقسا تەرەت سۇنىدۇ، يۇيۇنۇش كېرەك بولمايدۇ.

نەملىك (ئاجرالما) پاكىزە بولۇپ، ئۇنى يۇيۇۋېتىش كېرەك بولمايدۇ، كىيىمگە يۇقۇپ قالسا كىيىمنىمۇ يۇيۇش كېرەك بولمايدۇ، لېكىن تاھارەتنى سۇندۇرىدۇ، ئەگەر نەملىك توختىماي داۋاملاشسا ئۇ ۋاقىتتا نامازنىڭ ۋاقتى كىرگەندىن كېيىن ھەر نامازغا ئايرىم تاھارەت ئالىدۇ، تاھارەت ئېلىپ بولغاندىن كېيىن نەملىك چىقسا بۇنىڭ زىيىنى بولمايدۇ.

بۇ ھەقتە تېخىمۇ كۆپ مەلۇمات ھاسىل قىلىش ئۈچۈن 2458- 81774-50404 - نومۇرلۇق سوئاللارنىڭ جاۋابىغا مۇراجىئەت قىلىنسۇن.

ئاللاھ تائالا ھەممىدىن ياخشى بىلگۈچىدۇر.

IslamHouse.com